# قەھرىمان خەلق، خەلقنىڭ قەھرىمانلىرى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تاقابىل تۇرۇش جېڭىنى باشتىن كەچۈردى، بىر مەيدان مىسلىسىز جاپالىق تارىخىي چوڭ سىناقنى باشتىن كەچۈردى.

بۇ مەيدان كۈرەشتە، جۇڭگو خەلقى بەرداشلىق بەردى! يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئارقىلىق ھەممىنى بىر نىيەتتە بولۇشقا مۇجەسسەملەپ، دۆلەتنىڭ كۈچىنى توپلاپ ئېغىر، زور يۇقۇم بىلەن ئېلىشىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئارقىلىق ۋاقىتلىق قېيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كېسەل بىلەن كۈرەش قىلىش تارىخىدا يەنە بىر باتۇرانە ئۇلۇغ ئىشنى ياراتتى، بۇ جەرياندا تىللاردا داستان بولغۇدەك زور بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار ۋە تەسىرلىك ئىش ئىزلار بارلىققا كەلدى.

مۇشۇ دەقىقىدە، كىشىلەر بۇ يەرگە جەم بولۇپ، كۆڭلىدىكى ئۇرغۇن سۆزلىرىنى قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. فوتو ئاپپارات كونۇپكىسىنى بېسىپ، چەكسىز قىممەتلىك تارىخىي دەقىقىلەرنى خاتىرىلىدى.

كۆپچىلىك بىلەن بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىدىكى ئاكادېمىك جوڭ نەنشەندىن ئەھۋال سوراپ مۇنداق دېدى: «سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟»

«ياخشى! مەن سىزدىن يەنە جەڭگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلىمەن، نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكلىرى ۋە تاسادىپىي خاراكتېرلىك ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەھەتتە ۋەتەنگە داۋاملىق كۈچۈمنى تەقدىم قىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى جوڭ نەنشەن.

سائەت دەل 10دا، مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى خەلق سارىيىنىڭ چوڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى ئورۇنلاندى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈلدى، شى جىنپىڭ ئىمزالىغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ بۇيرۇقى ئوقۇپ ئۆتۈلدى... تۇرلۇك ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك كۈنتەرتىپلەر يىغىن مەيدانىنىڭ كەيپىياتىنى تەدرىجىي يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

ئالتە نەپەر كانايچى مۇراسىم كانىيى چالدى، تۆت نەپەر ھۆرمەت قاراۋۇلى جۇمھۇرىيەت ئوردېنى، دۆلەت شەرەپ نامى مېدالىنى كۆتۈرۈپ ھۆرمەت قەدىمى بىلەن رەئىس سەھنىسىگە چىقتى، مەزمۇت قەدەم ئاۋازى خەلق سارىيىنىڭ چوڭ زالىدا ئۇزاققىچە ياڭرىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بېرىش مۇراسىمى باشلاندى.

ھەربىي ئوركېستىر «ۋەتەن قەھرىمانلىرىغا ئېھتىرام»نى ئورۇنلىدى. بۇ، مەخسۇس دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بېرىش مۇراسىمى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان مۇزىكا بولۇپ، خۇددى سىمفونىك شېئىردەك ھەيۋەتلىك، جۇشقۇن، بۇنىڭدا جۇمھۇرىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەر چوڭقۇر مەدھىيەلەنگەن. مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى»غا ئېرىشكۈچى جوڭ نەنشەن، «خەلق قەھرىمانى» دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچى جاڭ بولى، جاڭ دىڭيۈ، چېن ۋېي ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ رەئىس سەھنىسىگە چىقتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ ئوردېن، مېدال تارقىتىپ بەردى ھەم ئۇلار بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تەبرىكلىدى.

يۇقۇم غالجىرلاشقان قاراڭغۇ كېچىدە، ئۇلار چاقناپ تۇرغان نۇر بولدى ——

«ئەمەلىيەتتە، مەن پەقەت كېسەل كۆرىدىغان بىر دوختۇر».

جوڭ نەنشەن دۆلىتىمىزنىڭ نەپەس كېسەللىكلىرى تەتقىقات ساھەسىدىكى باشلامچى شەخس بولۇپ، داۋالاشقا، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالدى، ئوتتۇرىغا قويغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تاكتىكىسى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەدبىرلىرى سانسىزلىغان ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇپ، سارس ۋە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە غايەت زور تۆھپە قوشتى.

«دۆلەت خەۋپ ـ خەتەر، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، دوختۇرمۇ جەڭچى. ئۆزۈمنى جاپادا قويساممۇ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن».

جاڭ بولى جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بويىچە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى، ئۇ رىياسەتچىلىك قىلىپ تەتقىق قىلىپ تۈزگەن جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئۇسۇلى «جۇڭگو لايىھەسى»دىكى يارقىن نۇقتىغا ئايلىنىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

«مەن چوقۇم تېخىمۇ تېز يۈگۈرسەم، ئاندىن ۋىرۇسنىڭ قولىدىن تېخىمۇ كۆپ ئاغرىقنى قۇتقۇزۇپ قالالايمەن».

جاڭ دىڭيۈ داۋالاش بىرىنچى سېپىدە يىلتىز تارتقانلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى، ئۇ مۇسكۇل قېتىشىش كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، يۇقۇم مەزگىلىدە يەنىلا ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىپ، خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

مۇسكۇل قېتىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان جاڭ دىڭيۈنىڭ قەدىمى يەنىلا مەزمۇت ئىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا: «سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ! ئۆزىڭىزنى ياخشى كۈتۈڭ» دېدى.

«بۇ ھەربىي فورمىنى كىيگەن ئىكەنمەن، ھەممىسى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم».

چېن ۋېي ئۇزاق مۇددەت بىيو خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۈل تەتقىقات، ۋاكسىنا، مۇداپىئە دورىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىچىش جەھەتتە مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

چېن ۋېي ھەربىي فورما كىيگەن بولۇپ، ئالدىغا چىقىپ تەنتەنىلىك ھالدا ھەربىيچە سالام بەردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇشال ھالدا: «سىز ئارمىيە ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتتىڭىز!» دېدى.

پارتىيە ۋە خەلق ئالىي ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرگە تەقدىم قىلدى ——

پۈتۈن زالدىكى قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت نەزەرىدە، دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچى تۆت كىشى تەكلىپكە بىنائەن رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئارقىدىن، يىغىندا مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپلار، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى ۋە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەقدىرلەندى. تەقدىرلەنگەن شەخس ۋە كوللېكتىپ ۋەكىللىرى مەيدانسىگە چوڭ قىزىلگۈل تاقاپ، رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قولىدىن ئوردېن، گۇۋاھنامە، مېدالنى تاپشۇرۇۋالدى.

پۈتۈن مەيداندىكىلەر كەينى ـ كەينىدىن قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلىدى، ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

بۇ مەڭگۈ نۇر چاچىدىغان مەنىۋى بايلىق ——

«پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بۇ شەرەپنى بىز تۆت نەپەر تېببىي خىزمەتچىگە بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، بۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بارلىق داۋالاش ـ سەھىيە خىزمەتچىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى.» جوڭ نەنشەن دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، «تىنچ، گۈللەنگەن دەۋرگە خۇشاللىق بىلەن ئۇلاشقان چاغدا، گۈللەنگەن دەۋرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمىز. ھۆرمەت ۋە شان ـ شەرەپ ئالدىدا، بىز باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلايمىز!» دېدى.

بۇ قورقماس باتۇرلۇقنىڭ يۈكسەك مەنزىلى ——

بېيجىڭ شىيې دوختۇرخانىسىدىن كەلگەن مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى لىيۇ جېڭيىن ۋۇخەنگە ياردەم بېرىشتىكى ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىشلىرىنى ئورتاقلاشتى: «كېچە ـ كۈندۈز ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئاغرىقلار ئاستا ـ ئاستا ياخشىلانسا، بىر ـ بىرلەپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىقسا، كۆپچىلىك ھەرقانچە جاپا چېكىپ چارچىساقمۇ، ھەرقانچە مۈگدەپ ھارساقمۇ، تامامەن ئەرزىيدۇ!»

بۇ خەلققە بولغان ئارمانسىز مېھىر ـ مۇھەببەت ——

مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى، خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھىرى چىڭخېجۇ مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گۇي شياۋمېي باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان چاغدىكى تاپشۇرۇقنى ئېسىدە چىڭ ساقلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «يۇقۇم مەزگىلىدە، مەھەللىمىزدە تاماق يېيەلمىگەن، دورا ئىشلىتەلمىگەن بىرمۇ ئائىلە، بىرمۇ ئادەم يوق. ۋۇخەندە ‹قامال بىكار قىلىنغان›دا، ئاھالىلەر بالكونغا چىقىپ كوللېكتىپ ‹مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم› دېگەن ناخشىنى ئېيتتى».

ئىلغار شەخس ۋە ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللىرىنىڭ سۆزى مەيداندىكى ھەربىر كىشىنى تەسىرلەندۈردى. ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرنىڭ مەڭزىنى ماسكا يارا قىلىۋەتكەنلىكى، ئىككى قولىنىڭ بۆلغىما سۇغا چىلىنىپ ئاقىرىپ كەتكەنلىكى، ئون نەچچە سائەت تاماق يېيىشكە، سۇ ئىچىشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقى، پەقەت تېخىمۇ كۆپرەك ئۈمىدنى ئاغرىقلارغا قالدۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن كىشى ئىختىيارسىز ياش تۆكتى.

ئۇلارنىڭ ئىسمى ۋە تۆھپىسىنى دۆلەت ئۇنتۇپ قالمايدۇ، خەلق ئۇنتۇپ قالمايدۇ، تارىخ ئۇنتۇپ قالمايدۇ، جۇمھۇرىيەت ئابىدىسىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلىدۇ!

پۈتۈن مەيداندىكى قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى.

بۇ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىمىسى —— تۇيۇقسىز تارقالغان ئېغىر يۇقۇم ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، كەسكىن تەدبىر بەلگىلەپ، پەۋقۇلئاددە تەدبىر بىلەن پەۋقۇلئاددە ئىشقا تاقابىل تۇردى؛ جۇڭگو خەلقى جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپىنى قۇرۇپ چىقتى؛ كەڭ تېببىي خادىملار ئاق خالات كىيىپ، قارشى يۆنىلىشتە جەڭگە ئاتلىنىپ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ ھاياتلىقنى قۇتقۇزدى... پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

بۇ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش روھىنىڭ يۈكسەك يىغىنچاقلىنىشى —— ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، پۈتۈن مەملىكەت بىر نىيەتتە بولۇش، پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئىلىم ـ پەنگە ھۆرمەت قىلىش، تەقدىرداش بولۇش... يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن ئالاھىدە تەبىئىي تالانت ۋە مەدەنىيەت گېنى بىلەن تومۇرداش، ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق، سوتسىيالىزملىق روھنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، جۇڭگو روھىنىڭ جانلىق شەرھلىنىشى بولۇپ، مىللەت روھى ۋە دەۋر روھىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى.

بۇ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىسىنىڭ چوڭقۇر يەكۈنى —— يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىدە بار بولغان تەڭداشسىز قۇدرەتلىك رەھبەرلىك كۈچى بوران ـ چاپقۇن ھۇجۇم قىلغان چاغدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تايانچى؛ جۇڭگو خەلقىدە بار بولغان ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادە كۈچى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىشنىڭ كۈچ مەنبەسى؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە بار بولغان روشەن ئەۋزەللىك خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ـ ئىقتىدارنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى...

باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى تېلېۋىزىيە توردا بىۋاسىتە تارقىتىش سىگنالى ئارقىلىق دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىغا تارقالدى، نەق مەيداندا ئارقا ـ ئارقىدىن قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن، 72 ياشلىق جاڭ بولى ئائىلىيىتەن مەيدانسىگە پارتىيە ئىزنىكى تاقىغانىدى: «بىز جۇڭخۇا مىللىتى قەھرىمان مىللەت، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلغانىدىلا ھەممىدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ».

«دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم؛ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈش مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم.» خۇاجۇڭ پەن ـ تېخنىكا داشۆسى تۇڭجى تېببىي شۆبىۋەنى قارىمىقىدىكى تۇڭجى دوختۇرخانىسى نەپەس يولى ۋە خەتەرلىك، ئېغىر كېسەل بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاۋ جيەنپىڭ مۇنداق دېدى: «بىرىنچى سەپتىكى دوختۇر ـ سېسترالار تېز پىرقىراۋاتقان ئۇرغا ئوخشاش، ھەربىر ئاغرىقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىمىز».

ئىرادە تىكلىگەنلەر غەلىبە قىلىدۇ، قىيىنچىلىقتىن قاچمىغانلار ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى، ئاكادېمىك ۋاڭ چېن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر، يۇقۇم يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا غالجىرلاشماقتا، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنە سىجىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز دائىملاشقان دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

خاۋ خۇي:

# «بوشلۇق مۇداپىئە سېپى»نى مۇستەھكەم ساقلايمەن

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ

«نۆۋەتتە، ئايرودرومدا ئومۇمىيۈزلۈك نورمال تىجارەت ئەسلىگە كېلىپ، يولۇچىلار ئېقىمى ئاشتى. بىزنىڭ خىزمىتىمىز يولۇچىلارنى داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، يولۇچىلارنىڭ ئايروپىلانغا چىقىشقا ماس كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يولۇچىلارنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ ئايرودروم گۇرۇھى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورت شۆبە شىركىتى جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى جىددىي قۇتقۇزۇش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى خاۋ خۇي مۇخبىرغا.

ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتى غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم ئاۋىياتسىيە تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۇقۇمنىڭ سىرتتىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈنجى ئۆتكەل. يۇقۇم ھۇجۇم قىلغاندا، خاۋ خۇي شۇ ھامان تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلىپ، خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش «بوشلۇق مۇداپىئە سېپى»نى ياخشى ساقلىدى، مۇستەھكەم ساقلىدى.

بۇ يىلقى چاغانلىق يولۇچى توشۇش مەزگىلىدە، نۆۋەتچى ئايروپىلانلار زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يۇقۇم ئەسلىدىمۇ دوختۇر ـ سېسترالار يېتىشمەيدىغان جىددىي قۇتقۇزۇش پونكىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. خاۋ خۇي بىرىنچى بولۇپ ئىدارىگە جەڭگە قاتنىشىش ئىلتىماسى تاپشۇردى. ئۇ جەڭگە قاتنىشىش ئىلتىماسىدا مۇنداق يازدى: «يۇقۇم ئالدىدا، پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئۆلگە، باشلامچى بولۇش قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم؛ جىددىي قۇتقۇزۇش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم.» ئۇ ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلماي ئۇرۇش سېپىگە، جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى.

ماسكا، كۆز ئاسراش ئەينىكى، مۇداپىئە كىيىمى فورمىغا ئايلاندى. ھەربىر ئايروپىلان ئۈچقاندا، قونغاندا، خاۋ خۇي ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى تولۇق قوراللىنىپ، ئايروپىلان شوتىسىغا چىقىپ، ئايروپىلان بۆلمىسىگە كىرىپ، يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى. يولۇچىلار بۆلمىسىدىكى يولۇچىلارنىڭ ئۈچۈرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە، تىنچىق ئىسسىق ۋە دىمى سىقىلىش ئۇلارنى قىينايتتى، بىردەمدىلا پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈپ، كۆز ئاسراش ئەينىكىمۇ ھوردىلىپ كېتەتتى. ئايروپىلان بۆلمىسىدىن چىققاندىن كېيىن، ئايروپىلان توختىتىش مەيدانىدا سوغۇق شامال چىقىدىغان، مۇداپىئە كىيىمى قەغەزدەك نېپىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىملىرى تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەچكە ئۇلار توڭلاپ تىترەپ كېتەتتى. ھەر كۈنى، خاۋ خۇي ھەمىشە ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەتچى ئايروپىلانغىچە بەرداشلىق بەردى. بىر كۈنلۈك خىزمەت ئاخىرلىشىپ، ئىسمىنا ئالمىشىپ كۆز ئاسراش ئەينىكى ۋە ماسكىسىنى ئېلىۋەتكەندە، يۈزىدە ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش قىزىل رەڭلىك ئىزلار قالاتتى، تەر چېچىنى بويلاپ تامچىلاپ چۈشەتتى.

خاۋ خۇي ھەرقانداق بىر خەۋپ ـ خەتەر يوشۇرۇن نۇقتىسىنى قويۇۋەتمەي، ئايروپىلان گۇرۇپپىسى ۋە يەر يۈزى مۇلازىمەت خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئايروپىلانغا چىققان ئادەم سانىنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئۈچرىشىش تارىخى ۋە تارقىلىشچان كېسەللىك تارىخىنى تەپسىلىي سوراپ، بىرىنچى ۋاقىتتا ھۆكۈم چىقاردى.

خاۋ خۇي ھەمىشە ئايروپورت خىزمەتچىلىرى، يولۇچىلارغا زېرىكمەي ـ تېرىكمەي يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى چۈشەندۈرۈپ، نەسىھەت قىلىش ۋە تەسەللىي بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر قېتىم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئىلغاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چۈشەنمىگەن، ئاغرىنغان، ماسلاشمىغان يولۇچىلارغا يولۇققاندا، ئۇ دائىم سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى. ئۇ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئەڭ يېڭى تەلىپى ۋە بىلىملىرىنى ۋاقتىدا ئۆگىنىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى خۇلاسىلەپ، ئايروپورتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتناشتى، بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ قايتا ـ قايتا ئىزدىنىش ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىققان خادىملارنىڭ تۈرگە ئايرىلغان ئۈچۈرىنى توپلاش خىزمەت چارىسى ئىلغاپ تەكشۈرۈش، تىزىملاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، يولۇچىلارنى تارقاقلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش خەۋپ ـ خەتىرىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلەتتى.

سوغۇق شامالدا، خاۋ خۇي كاردورلۇق كۆۋرۈك، ئايروپىلان توختىتىش مەيدانى، يولۇچىلار بۆلمىسى ۋە ئاۋىياتسىيە بىناسى ئارىسىدا چېپىپ يۈرەتتى، كۆز ئاسراش ئەينىكى ئاستىدا، ئۇنىڭ قەتئىيلىككە تولغان كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. يۇقۇم ئالدىدا، ئۇ ھەمىشە خەتەرنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، بىخەتەرلىكنى باشقىلارغا ئۆتۈندى، ئادەم سانى ئەڭ كۆپ، نۇقتىلىق رايونلاردىن كەلگەن نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى تەكشۈرۈشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، خەتىرى يۇقىرى، قىزىپ قالغان يولۇچىلارنى كۈتۈۋالدى. ئۇ قەرەلسىز ھالدا بارلىق خىزمەتداشلىرىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، مۇداپىئە كىيىمىنى كىيىش ـ سېلىش، يەتتە باسقۇچلۇق قول يۇيۇش ئۇسۇلى قاتارلىق ئىجرا قىلىش ئۆلچىمى بويىچە قەرەللىك باھالاپ، ھەربىر خىزمەتدىشىنىڭ بەلگىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى يۈزدەيۈز ئىگىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «نۆل يۇقۇملىنىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئاساسىي قاتلام، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئاخبارات مۇخبىرلىقى بىرىنچى سەپىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىداكارلىق كۆرسىتىش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىش روھى كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

يىغىندا يەنە مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپلار، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى، مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەقدىرلەندى، شىنجاڭنىڭ 3 ـ تۈركۈمدە خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئېغىر كېسەل قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئەترىتى) ۋاقىتلىق پارتىيە باش ياچېيكىسى قاتارلىق ئۈچ كوللېكتىپ مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى، ياڭ جيەنجۇڭ قاتارلىق ئۈچ كىشى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى دېگەن نامغا ئېرىشتى، شىنجاڭنىڭ 3 ـ تۈركۈمدە خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئېغىر كېسەل قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئەترىتى) ۋاقىتلىق پارتىيە باش ياچېيكىسى قاتارلىق ئۈچ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)